### مەركەز «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئۇقتۇرۇش بېسىپ تارقاتتى

# 1-تۈركۈمدىكى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 8-ئاينىڭ 30-كۈنى تېلېگراممىسى** يېقىندا، مەركەز «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى «1-تۈركۈمدىكى ‹ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش› باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى بېسىپ تارقىتىپ، 2-تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسى مەزگىلىدە، 1-تۈركۈمدىكى ئورۇنلارنىڭ باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، پۈتكۈل باش تېما تەربىيەسىدە ئەڭ ياخشى نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا، قەلبلەرگە سىڭىشىگە، ئەمەلىيلىشىشىگە سىجىل تۈرتكە بولۇش كېرەك. 1-تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىدىكى ئۆگىنىش - تەربىيەنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، تەتبىقلاپ، كۆڭۈل قويۇپ، ئەستايىدىل بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئەسلىي تېكىستنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئەسلىي ئەسەرنى ئەستايىدىل ئوقۇپ، قانۇنىيىتىنى ئەستايىدىل چۈشىنىپ، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش بىلەن پارتكوم (پارتگۇرۇپپا) نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسىنىڭ ئۆگىنىشىنى بىرلەشتۈرۈپ، مەخسۇس تېما تۈزۈپ ئۆگىنىپ، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىنىپ، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ ئۆگىنىپ، ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشكە قاتتىق كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك. «شى جىنپىڭنىڭ ‹ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش› توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىدىن تاللانما»، «شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش پىروگراممىسى»نى داۋاملىق چوڭقۇر ئۆگىنىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئەڭ يېڭى مۇھىم سۆزىنى ئەگىشىپ ئۆگىنىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شۇ رايون، شۇ ساھە خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقلىرىنىڭ روھىنى ئۆگىنىپ، نۇقتىدىن دائىرىگە كېڭىيىپ، تېيىزلىقتىن چوڭقۇرلىشىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يادرولۇق مۇھىم مەزمۇنى، روھىي ماھىيىتى، مول ماھىيەتلىك مەزمۇنى ۋە ئەمەلىيەت تەلىپىنى ئومۇميۈزلۈك، سىستېمىلىق ئىگىلەش كېرەك. 1-تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىدە تۈزۈپ بېسىلغان باشقا ئۆگىنىش ماتېرىياللىرىنى ياخشى ئۆگىنىپ، ياخشى ئىشلىتىپ، پارتىيە تارىخى ۋە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تارىخىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ھەرقايسى ساھەلەردە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشكە ئائىت تىپىك مىساللاردىن پايدىلىنىپ ئۆگىنىشنى قانات يايدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆگىنىش ئۈنۈمىنى تەكشۈرۈپ باھالاشنىڭ ئۈنۈملۈك تەدبىرلىرى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم (پارتگۇرۇپپا)لارنىڭ رەھبەرلىك بەنزىلىرى ۋە پارتىيەلىك رەھبىري كادىرلار باشلامچىلىق بىلەن ئۆگىنىپ، باشلامچىلىق بىلەن ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، ئۆزىنىڭ چوڭقۇر ئۆگىنىشى ئارقىلىق پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ ئۆگىنىشىگە تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار تەكىتلەندى: يۇقىرى - تۆۋەن بىرلىكتە ھەرىكەتكە كېلىپ، تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. 1-تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرغان ئورۇنلار باش تېما تەربىيەسى بويىچە ئۆزىنى تەكشۈرۈش، باھالاش خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىغا قارىتا ئېنىقلاپ، تەھلىل قىلىپ، تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى ئىلگىرىلەش، ئۈنۈم ۋە ساقلانغان مەسىلىلەرنى ئىگىلىشى كېرەك. مەركەز بېكىتكەن سەككىز جەھەتتىكى مەخسۇس تۈردە تۈزەش ۋەزىپىسىنى چىڭ تۇتۇپ، مەسئۇلىيەتنى جايىدا ئايدىڭلاشتۇرۇش، تەدبىرلەرنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش، مەسىلىلەرنى جايىدا ھەل قىلىش كېرەك. ھەرقايسى ئۆلكە (ئاپتونوم رايون، شەھەر)لىك پارتكوملار ئۆلكە، شەھەر، ناھىيە ئۈچ دەرىجىلىك بىرلىكتە ھەرىكەتكە كېلىپ تۈزىتىشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتۇشى، ئاساسىي قاتلامدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇن باشلامچىلىق بىلەن ھەل قىلىشقا ئېھتىياجلىق مەسىلىلەرنى رەتلەپ، بىرلىكتە ھەرىكەتكە كېلىپ تۈزىتىش تۈرلىرى تىزىملىكىنى تۈزۈپ چىقىپ، تەشكىللەپ يولغا قويۇشنى ياخشى تۇتۇشى كېرەك. ھەرقايسى ساھە، سىستېمىلار دىققەتنى ئاساسىي قاتلام ۋە ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولۇۋاتقان مەسىلىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، يۇقىرى - تۆۋەن بىرلىكتە ھەرىكەتكە كېلىپ، تۈزىتىشكە ئېھتىياجلىق بولغان بىرقانچە نۇقتىلىق تۈرنى بېكىتىپ، يۇقىرى - تۆۋەن ھەمتۈرتكە بولۇپ، تۈزىتىشنى ياخشى تۇتۇشى كېرەك. داۋاملىشا تۈزىتىشنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى ۋاقتىدا ئاشكارىلاپ، ئاممىنىڭ نازارىتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىشى كېرەك.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىغا قايتا قاراپ چىقىشنى قانات يايدۇرۇش كېرەك. بۇ يىل 11-ئايدا، 1-تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرغان ئورۇنلار مەركەزنىڭ مەخسۇس تۈردە تۈزەش توغرىسىدىكى ھۆججەت تەلەپلىرى ۋە ئۆز رايونى، ئۆز تارمىقى، ئۆز ئورنىنىڭ تۈزىتىش لايىھەسىگە سېلىشتۇرۇپ، تۈرمۇتۈر «قايتا قاراپ چىقىپ»، ئىلگىرىلەش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى رەتلەپ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى توغرا تېپىپ، تۈزىتىش، تۈزەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ كونكرېت تەدبىرلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشى كېرەك. ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندالغانلىرىنى مۇستەھكەملەش، يۈكسەلدۈرۈشنى داۋاملىق ياخشى تۇتۇشى؛ تېخى ئورۇندالمىغانلىرىغا قارىتا، مەسئۇلىيەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئىز قوغلاپ ئالغا سىلجىتىشى؛ ئۈنۈمى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغان، ئامما رازى بولمىغانلىرىغا قارىتا «قايتا قاراپ چىقىپ»، «دەرس تولۇقلاپ»، مۆھلەت بېكىتىپ تۈزىتىشى كېرەك. ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلار مەخسۇس كۈچ تەشكىللەپ، شۇ دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ تۈزىتىش ۋەزىپىسىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىغا قارىتا ئۆز - ئۆزىنى تەكشۈرۈش - تۈزىتىش ئېلىپ بېرىپ، بىر دەرىجە تۆۋەن پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ تۈزىتىش ۋەزىپىسىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى قاتتىق تەكشۈرۈپ، ئۆتكەلنى ئىگىلەپ، تۈزىتىش تەدبىرلىرىنىڭ كەم - كوتىسىز جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە، تۈزىتىش ۋەدىسىنىڭ بىرمۇبىر نەقلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

---



# ياڭ جېچېڭ: ئازادلىق ئارمىيە ئارقا سەپ خىزمىتىنىڭ «يول ئاچقۇچىسى»

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، گۇيياڭ، 8-ئاينىڭ 13-كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىر لى چيەنيۈ) گۇيجوۋ ئۆلكىسىنىڭ چيەندۇڭنەن مياۋزۇ، دۇڭزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى سەنسۈي ناھىيەسىنىڭ جياڭجۈن مەيدانى يېنىدا جياڭجۈن ياڭ جېچېڭنىڭ خاتىرە سارىيى بار، ئۇنىڭدا ياڭ جېچېڭنىڭ ئاجايىپ كىشىلىك ھاياتى ۋە ئازادلىق ئارمىيەنىڭ ئارقا سەپ خىزمىتى ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلغان، پائال يول ئاچقان كەچۈرمىشلىرى نامايان قىلىنغان. بۇ يەر سەنسۈي ناھىيەسىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيە بازىسىغا ئايلاندى، ئىنقىلابىي ئەجدادلارغا ھۆرمەت بىلدۈرىدىغان، قىزىل تارىخنى قايتا ئەسلەيدىغان كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ.



ياڭ جېچېڭنىڭ سۈرىتى.

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

ياڭ جېچېڭ، 1903-يىلى تۇغۇلغان، گۇيجوۋ سەنسۈيدىن، دۇڭزۇ. 1923-يىلى جۇڭچىڭدا سىچۈەن - يۈننەن - گۇيجوۋ بىرلەشمە ئارمىيەسىگە قاتناشقان، يىڭنىڭ ھەربىي لاۋازىمى بولغان. 1926-يىلى ئەتىيازدا گۇاڭجوۋ خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىنىڭ 5-قارارىغا ئىمتىھان بېرىپ كىرگەن، شۇ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا كىرگەن. 1927-يىلى ئەتىيازدا ۋۇخەن مەركىزىي ھەربىي - سىياسىي مەكتىپىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن. توپىلاڭچى قوشۇن شيا دوۋيىن قىسمىغا قايتۇرما زەربە بېرىش جېڭىگە قاتناشقان. كېيىن خې لۇڭ جۈنجاڭ بولغان خەلق ئىنقىلابىي ئارمىيەسى 20-جۈندە لىيەننىڭ سىياسىي جىداۋيۈەنى بولۇشقا ئەۋەتىلگەن، نەنچاڭ قوزغىلىڭىغا قاتناشقان. 1928-يىلى 1-ئايدا جەنۇبىي خۇنەن قوزغىلىڭىغا قاتناشقان، جەڭدە ئوڭ پۇتى يارىلانغان. شۇ يىلى 4-ئايدا جۇ دې، چېن يىغا ئەگىشىپ جىڭگاڭشەنگە بېرىپ، ئىشچى - دېھقانلار ئىنقىلابىي ئارمىيەسى (كېيىن ئىشچى - دېھقانلار قىزىل ئارمىيەسى دەپ ئاتالغان) 4-جۈنى 28-تۈەندە لىيەنجاڭ بولۇپ، «ھۇجۇم قىلىپ يوقىتىش»قا قارشى جەڭدە قورساق قىسمى يارىلانغان. كېيىن قوشۇمچە مۇداپىئە ۋە ئالاقە خىزمىتى ئۈچۈن قالدۇرۇلغان مۇدىر بولغان، «بىرلىشىپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرغان قىيىن شارائىتتا ياردارلار - ئاغرىقلارنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ، تەمىنات ۋە تېببىي دورا بىلەن تەمىنلەش مەسىلىسىنى ھەل قىلغان.

1929-يىلى 3-ئايدا، ياڭ جېچېڭ قىزىل 4-جۈننىڭ مۇئاۋىن گۇەنجاڭى، قىزىل 12-جۈننىڭ مۇئاۋىن گۇەنجاڭى، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار سىياسىي مەكتەپ ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى، مەركىزىي ئىنقىلابىي ھەربىي كومىتېت باش دىرېكتور بۆلۈمى، قوشۇمچە قىزىل ئارمىيە باش ھەربىي پونكىتىنىڭ مۇدىرى، باش تەمىنات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى، قوشۇمچە سىياسىي كومىسسارى بولغان، قورال - ياراغ، ھەربىي لازىمەت، تېببىي دورا ئىشلەپچىقىرىشى ۋە ماددىي ئەشيا تەمىناتىنى تەشكىللىگەن ھەم ئارقا سەپ مەكتىپىنى قۇرۇپ، ئارقا سەپ كادىرلىرىنى تەربىيەلىگەن.

1934-يىلى 10-ئايدا، ياڭ جېچېڭ ئۇزۇن سەپەرگە قاتناشقان. 1935-يىلى 1-ئايدا زۇنيى يىغىنىدىن كېيىن، مەركىزىي ئىنقىلابىي ھەربىي كومىتېت ئاۋانگارت خىزمەت ئۆمىكىنىڭ مۇدىرى بولغان. شىمالىي شەنشىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، قىزىل 1-يۈنلىش ئارمىيەسى ئارقا سەپ بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى، ھەربىي كومىتېت ئارقا سەپ بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى، قوشۇمچە قىزىل ئارمىيە ئالدىنقى سەپ باش قوماندانلىق ئىشتابى باش ھەربىي پونكىت بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى بولغان.

پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، ياڭ جېچېڭ مەركىزىي ھەربىي كومىتېت باش تەمىنات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى، قوشۇمچە خۇاڭخې دەرياسى يەنچاڭ، يەنچۈەن مۇھاپىزەت قىسمىنىڭ سىلىڭيۈەنى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەربىي - مەمۇرىي داشۆ مەكتەپ ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى بولغان. 1938-يىلى قىشتا كېسەل سەۋەبىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا داۋالىنىشقا بارغان، كېيىن سوۋېت كومپارتىيەسى يىراق شەرق بيۇروسى پارتىيە مەكتىپى، فرۇنزې ھەربىي ئىشلار شۆيۈەنىگە كىرىپ ئوقۇغان. 1946-يىلى 1-ئايدا دۆلەتكە قايتىپ، شەرقىي شىمال دېموكراتىك بىرلەشمە ئارمىيەسى باش ئارقا سەپ بۆلۈمىنىڭ سىياسىي كومىسسارى بولۇپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ جاموس، خاربىن، مۇدەنجياڭ، چىچىخار ۋە جىشى قاتارلىق جايلاردا ھەربىي سانائەت ئىشلەپچىقىرىشنى تەشكىللىگەن ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلغان.

1948-يىلى، ياڭ جېچېڭ شەرقىي شىمال دالا ئۇرۇش ئارمىيەسى ھەربىي لاۋازىمەت بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى بولۇپ ھەربىي لاۋازىمەت زاۋۇتى، ھەربىي پونكىت، دوختۇرخانا ۋە ئىسكىلاتنى كېڭەيتىپ قۇرۇشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن تەشكىللەپ، قىسىمنىڭ لياۋشىن، پىڭجىن جەڭلىرىنى ئېلىپ بېرىشنى كۈچلۈك ماددىي ئەشيا كاپالىتى بىلەن تەمىنلىگەن. 1949-يىلدىن باشلاپ، ئوتتۇرا جۇڭگو ھەربىي رايونى، ئوتتۇرا - جەنۇبىي جۇڭگو ھەربىي رايونى ھەربىي لاۋازىمەت بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى، ئوتتۇرا - جەنۇبىي جۇڭگو ھەربىي - مەمۇرىي كومىتېتى يېنىك سانائەت بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى، ئوتتۇرا - جەنۇبىي جۇڭگو ھەربىي رايونىنىڭ 1-مۇئاۋىن سەنموۋجاڭى قوشۇمچە ئارقا سەپ بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى، خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى قۇراللىق كۈچلىرى رېۋىزىيە بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۇجاڭى، ھەربىي ئىشلار پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ مۇئاۋىن ئاكادېمىيە باشلىقى قوشۇمچە ئاكادېمىيە ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى، ئالىي دەرىجىلىك ھەربىي ئىشلار شۆيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن يۈەنجاڭى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ، ئارمىيەنى زامانىۋىلاشتۇرۇش، مۇنتىزىملاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا مۇھىم تۆھپە قوشقان. 1955-يىلى ياڭ جېچېڭغا شاڭجياڭلىق ھەربىي ئۇنۋانى بېرىلگەن. 1967-يىلى 2-ئاينىڭ 3-كۈنى بېيجىڭدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغان.

ياڭ جېچېڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇشقا ئاساس سالغان گۇيجوۋ ئۆلكىسىدىن چىققان بىردىنبىر شاڭجياڭ، ئۇنىڭ يۇرتىدىكى خەلق ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىدۇ. يۇرتىدىكى خەلق ئۇنى ئەسلەيدۇ، خاتىرىلەيدۇ، جياڭجۈن ياڭ جېچېڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى، 110 يىللىقىنىڭ ھەممىسى گۇيجوۋ ئۆلكىسى، چيەندۇڭنەن ئوبلاستى، سەنسۈي ناھىيەسى داغدۇغىلىق خاتىرىلەش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزدى. «1-ئاۋغۇست»كىنو ئىستۇدىيەسى يەنە ئۇنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرىگە ئاساسەن «جۇمھۇرىيەتنىڭ داڭلىق جياڭجۈنلىرى يۈرۈشلۈك فىلىمى» «ياڭ جېچېڭنىڭ ئۇرۇش سېپىدىكى تەمىناتى»نى سۈرەتكە ئېلىپ، ئۇنىڭ ئارقا سەپ خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىپ، ئىنقىلابىي ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن قوشقان گەۋدىلىك تۆھپىسىنى ئەكس ئەتتۈردى.

---

# سۈركىلىش دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق

□ جۇڭ شېڭ

جۇڭگو - ئامېرىكا ئىقتىساد - سودا سۈركىلىشىنى كۆزەتكەندە، ئۆزگىرىپ «سوقۇلىدىغان» ئۆچۈرلارنى بايقىماق ئەزەلدىن تەس ئەمەس. شۇ جاي ۋاقتى 8-ئاينىڭ 28-كۈنى، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى يەنە بىر قېتىم جۇڭگو تاۋارلىرىدىن باسقۇچقا بۆلۈپ تاموژنا بېجىنى قوشۇپ ئالىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇ كۈنى، ئامېرىكىدىكى 160 تىن ئارتۇق سودا تەشكىلاتىدىن تەشكىللەنگەن «ئامېرىكا ئەركىن سودا ئىتتىپاقى» ئامېرىكا رەھبەرلىكىگە بىرلەشمە ئىمزالىق خەت يېزىپ، جۇڭگو تاۋارلىرىدىن قوشۇپ ئېلىنىدىغان بارلىق تاموژنا بېجىنى دەرھال كېچىكتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

ئاقىلانىلىك بىلەن ئەقىلسىزلىقنىڭ كۈچ سىنىشىشى جۇڭگو - ئامېرىكا ئىقتىساد - سودا سۈركىلىشىنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكى بولۇپ قالدى. بىر نۆۋەت يەنە بىر نۆۋەت كۈچ سىناشقاندىن كېيىن، بىر دۆۋە سوئال كىشىلەرنىڭ ئالدىغا قويۇلدى: ئامېرىكىدىكى بەزى كىشىلەر ھەل قىلماقچى بولغان مەسىلە زادى نېمە؟ ھەل قىلىش چارىسى قەيەردە؟ ئامېرىكا تەرەپتىكى بىر قىسىم كىشىلەر جاھىللىق بىلەن توغرا يولغا قايتىشقا ئۇنىماي، زادى نېمە قىلماقچى؟... ئەقىل - ئىدراك كىشىلەرگە شۇنى ئۇقتۇردۇكى، تاموژنا بېجىنى قوشۇپ ئېلىش ئارقىلىق تەھدىت سېلىش، ئىقتىساد - سودا سۈركىلىشىنىڭ دەرىجىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش قىلمىشى جۇڭگو - ئامېرىكا ئىقتىساد - سودا مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا قىلچە پايدىسىز بولۇپلا قالماي، يەنە مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ئۈزلۈكسىز يېڭى قىيىنچىلىق تۇغدۇردۇ.

قارىماققا ئامېرىكا تەرەپتىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ سودا تەتۈر پەرقىنى مۇتلەق تەھدىت دەپ قارىشى ئىقتىساد - سودا سۈركىلىشىنىڭ چىقىش نۇقتىسى بولسا كېرەك، پەقەت دوللار ھەمىيانغا شارىلداپ ئېقىپ كىرسە ئاندىن ئادىل بولىدىكەن. لېكىن، بىر مەھەل ئېلىشقاندىن كېيىن، دوللار نەگە كەتتى؟ تاموژنا بېجى قوشۇپ ئېلىنغاندىن كېيىن، مال باھاسى ئۆرلەپ، ئامېرىكا خەلقىنىڭ يانچۇقىدىكى دوللار توختاۋسىز چىقىۋاتىدۇ. ئامېرىكا «دىپلوماتىيە سىياسىتى» تور بېكىتى ئېلان قىلغان ماقالىدە يەنە: «كىشىلەرنىڭ ئانچە بىلىپ كەتمەيدىغىنى شۇكى، ھەقىقىي زور دەرىجىدە ئازايغىنى سودا بولماستىن، بەلكى جۇڭگونىڭ ئامېرىكىغا سالغان مەبلىغى بولدى» دېگەن يېڭى قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. فرانسىيە ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋىرىدە مۇنداق كۆرسىتىلدى: ئامېرىكىنىڭ جۇڭگو تاۋارلىرىدىن تاموژنا بېجىنى قوشۇپ ئېلىشى سودىدىكى تەتۈر پەرق مەسىلىسىنى ھەل قىلالمايدۇ.

سودا ئۇرۇشىدا يەڭگۈچى يوق، سۈركىلىشنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ئىقتىساد - سودا مەسىلىسىنى ھەل قىلالمايدۇ. ئەگەر بەزىلەر ئىقتىساد - سودا سۈركىلىشىنىڭ دەرىجىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش ئارقىلىق جۇڭگونى بويسۇنۇشقا مەجبۇرلىماقچى بولسا، چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ. جۇڭگو تەرەپنىڭ چېكىدىن ئاشقان بېسىم ئالدىدا يول قويۇشى مۇمكىن ئەمەس، بۇ ھەرقانداق كىشىنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئۆزگەرمەيدىغان مۇقەررەرلىك.

ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىشلا دەۋر ئېقىمىغا ماس كېلىدىغان تاللاش. جۇڭگو - ئامېرىكا ئىقتىساد - سودا مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا، جەزمەن جۇڭگو - ئامېرىكا ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتۇپ، مەسىلىنى ھەل قىلىدىغان سەممىيەت ۋە ھەرىكەت بىلەن، ھەقىقىي تۈردە ئىككى تەرەپنىڭ باراۋەر بولۇش ۋە ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا كېڭىشىشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاش، ھەرگىزمۇ خاتا يولدا ماڭغانسېرى ئۇزاپ كەتمەسلىك كېرەك. جۇڭگو باشتىن - ئاخىر ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن كېڭىشىش ۋە ھەمكارلىشىش مەسىلىنى ھەقىقىي ھەل قىلىشنىڭ توغرا يولى، دەپ قاراپ كەلدى. جۇڭگو - ئامېرىكا ئىككى دۆلەت خەلقى ۋە دۇنيا خەلقىنىڭ قارشى ئالىدىغىنى دەل بۇ خىل ئاقىلانىلىكنىڭ كۈچى.

**(2019-يىل 8-ئاينىڭ 30-كۈندىكى «خەلق گېزىتى»گە بېسىلغان)**

---

(بېشى 1-بەتتە)

يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 7-قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنىغا ئالاقىدار ئىشلار تەتقىق قىلىندى، قاراپ چىقىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 7-قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ قارالمىسى (لايىھەسى)، كۈنتەرتىپى ۋە سىرتتىن قاتنىشىش دائىرىسى قاتارلىقلار قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى، ئاساسىي مۇھاكىمە تېمىسى: «دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئېغىر نامرات ناھىيە، شەھەرلەرنى نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇشقا كۈچ قوشۇش»نى جۈردەپ، مەخسۇس تېمىدا ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش.

يىغىندا ئالاقىدار قائىدە - تۈزۈملەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش تەتقىق قىلىندى، قاراپ چىقىلدى، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش بەنگۇڭتىڭى مۇدىرلار يىغىنىنىڭ خىزمەت قائىدىسى» «ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالى، ئەلرايىنى ئىنكاس قىلىش ئۇچۇر خىزمىتىنى باھالاش، مۇكاپاتلاش چارىسى»نى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا قوشۇلدى، ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا قوشۇلغان «سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى ئەزالىرىنىڭ ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتى ئادا قىلىش ۋاقىتلىق يولغا قويۇش بەلگىلىمىسى» «سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ يېڭى ۋەزىيەتتە سىياسىي كېڭەشنىڭ تەكلىپ خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى»نى بۇ قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا قاراپ چىقىپ ماقۇللاشقا سۇنۇش قارار قىلىندى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: بۇ قېتىمقى مەخسۇس تېمىلىق ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش خاراكتېرلىك دائىمىي كومىتېت يىغىنىنى ياخشى ئېچىش دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، سىياسىي كېڭەشنىڭ مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتلىق رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش ئۈچۈن ئەقىل - پاراسەت ۋە كۈچنى تېخىمۇ ياخشى مۇجەسسەملەش، جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەدىكىلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشتىكى ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە مەركەزگە ئىنتىلىش كۈچىنى قوزغىتىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ قېتىمقى دائىمىي كومىتېت يىغىنىنى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىسىنى مۇستەھكەملەشنىڭ كونكرېت ئىپادىسى قىلىپ، سەپەت يۈنىلىشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، يىغىننىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئەستايىدىل تەپسىلىي ياخشى ئىشلەپ، يىغىندا سۆز قىلىش سۈپىتىنى چىڭ تۇتۇپ، چارە - تەدبىر كۆرسىتىش نۇقتىسىنى توغرا تاللاپ، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، ئەمەلىي، ئەسقاتىدىغان پىكىر - تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك. مەخسۇس تېمىدا گۇرۇپپىلار بويىچە مۇھاكىمە قىلىشنى ياخشى تەشكىللەپ، ئەزالارنىڭ چارە - تەدبىر كۆرسىتىشنىڭ دەل جايىدا بولۇشى، سىياسەت جەھەتتە مەسلىھەت بېرىشنىڭ ئۈنۈملۈك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: سىياسىي كېڭەشنىڭ تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ھەم «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنىڭ تۈزىتىش مۇھىم مەزمۇنى شۇنداقلا سىياسىي كېڭەش خىزمىتىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشنىڭ تەخىرسىز ئېھتىياجى. يېڭى دەۋردىكى خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ بۇرچ، ۋەزىپىسىنى بېكىتىپ، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان تۈزۈملەرنى رەتلەپ، ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا تېگىشلىكلىرىنى ۋاقتىدا تەرتىپ بويىچە ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، تۈزىتىش كىرگۈزۈپ مۇكەممەللەشتۈرۈشكە تېگىشلىكلىرىنى چىڭ تۇتۇپ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئورنىتىشقا تېگىشلىكلىرىنى تېزدىن ئورنىتىپ، سىياسىي كېڭەشنىڭ كېڭىشىش دېموكراتىيەسىنى تۈزۈملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش، تەرتىپلەشتۈرۈش سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك.

يىغىندا جۇڭگو ساغلاملىق كۈتۈنۈش كەسپى (شىنجاڭ) تەرەققىياتى يىغىنىغا ئالاقىدار ئىشلار تەتقىق قىلىندى، كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەپ، ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، مەسئۇلىيەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئىش تەقسىماتىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ساغلاملىق كۈتۈنۈش يىغىنىنى ياخشى ئۆتكۈزۈش، سەۋىيەلىك ئۆتكۈزۈش، ئۈنۈملۈك ئۆتكۈزۈش كېرەكلىكى تەكىتلەندى.

يىغىندا باش تېما تەربىيەسىنى چوڭقۇر ياخشى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، ئىدىيە ئاڭلىقلىقى ۋە ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىسىنى مۇستەھكەملەپ، چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، باش تېما تەربىيەسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، قەلبلەرگە سىڭدۈرۈش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە پۇختا تۈرتكە بولۇش كېرەكلىكى تەكىتلەندى.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى چېڭ جېنشەن، مۇئاۋىن رەئىسى، قوشۇمچە باش كاتىپى جاڭ بو، مۇئاۋىن رەئىسلەردىن مۇتەللىپ ئوبۇل، ياڭ يوڭ، ئىلھام سابىر، ما شيۇڭچېڭ يىغىنغا قاتناشتى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1-نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)